## مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە - تەدبىرلىك بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە - تەدبىرلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاتاكىغا ئۆتۈپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى. ھەرقايسى ئۆز ئىش ئورنىدا تۇردى، ئۇلار تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، پىدائىيلار قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، خەتەرلىك پەيتتە جان پىدالىق كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مىڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى نامايان قىلدى، يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى. ھازىر، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇشكۈل، ئېغىر، چېگرا ئىچى - سىرتىدا خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە توپلىشىشىنىڭ كۆپىيىشى ئېلىپ كېلىدىغان يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ - خەتىرى زورايماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئىستىل، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بۇ يىل دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۈچ كەلگەن خەۋپ - خەتەر، خىرىس كۈچەيدى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى قوشقاندا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشتى. خەۋپ - خەتەر يۇقىرى رايونلار زېھنىنى داۋاملىق مەركەزلەشتۈرۈپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشتا، خەۋپ - خەتەر ئوتتۇراھال رايونلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، خەۋپ - خەتەر تۆۋەن رايونلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، ھەممىسىلا مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۈچ كېلىۋاتىدۇ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىققا، قىلىدىغاننى قىلماسلىققا، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى خالىماسلىققا، قورقۇنچاقلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ھۇرۇنلۇق قىلىشقا، سۆرەلمىلىك قىلىشقا، ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىققا، خىزمەتتە پىكىر يولى بولماسلىققا ھەرگىز بولمايدۇ، ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش قىلىشقا، ئىستىلدا لەيلىمچىلىك قىلىشقا، خىزمەتنى ئىنچىكە تۇتماسلىققا، پۇختا تۇتماسلىققا ھەرگىز بولمايدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چىدامچانلىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە يۇرتىغا قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى ئارقىلىق، كۆڭۈلنى توختىتىپ، كەمتەر بولۇپ، مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئۇسۇلىنى قەتئىي تۈزىتىپ، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشقا سەرپ قىلدۇرۇشى كېرەك.

مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە - تەدبىرلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاجىز مۈرىدە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك: «مەيلى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش بولسۇن ياكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش بولسۇن، كەڭ مۈرىگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، يەنە تۆمۈردەك مۈرىگە ئېھتىياجلىق؛ سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ماھارەتنىڭ يۇقىرى، كۈچلۈك بولۇشىغىمۇ ئېھتىياجلىق.» بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى روشەن يېتىشەلمىدى، جەزمەن بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۆزى مەسئۇل ساھەدىكى كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئۆزىنى كەسپ ئەھلى رەھبەرگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق چوڭ سىناق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈكلەر ۋە ئاجىز تۈرلەرنى تېزدىن تولۇقلاپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈم مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان شەھەر ئىدارە قىلىش ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك.

تارىخقا نەزەر سالساق، پارتىيەمىز ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن، جاپا - مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا زورايغان. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بولغاچقا، كۈچلۈك سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارى ۋە مول ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى بولغاچقا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى بولغاچقا، بىز چوقۇم بۇ مەيدان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز، يەنە چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 300 مىڭ موغا يېقىن يازغى بۇغداي تېرىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىرغا قەدەر، جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 مىليون 130 مىڭ مو يەردىكى كۈزگى بۇغداي كۆكلەم سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ، %60.74نى ئىگىلىدى، 5 مىليون 986 مىڭ 100 مو يەرگە باش ئوغۇت تولۇقلاپ بېرىلىپ، %88.03نى ئىگىلىدى. كۈزگى بۇغداينىڭ 1 -، 2 - تۈردىكى مايسىلىرىنىڭ نىسبىتى قىشلاشنىڭ ئالدىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، كۈزگى بۇغداينىڭ ئومۇمىي مايسا ئەھۋالىنىڭ ئۆسۈشى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ياخشى بولدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا زىرائەتلەرنىڭ مۆلچەردىكى تېرىقچىلىق كۆلىمى 70 مىليون 642 مىڭ 900 مو بولۇپ، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا مۇقىملىق ئاساسىدا تۆۋەنلەپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىدا بۇغداي ئازىيىش، كېۋەز ئازىيىش، كۆممىقوناق كۆپىيىش، كۆكتات كۆپىيىش، خاس زىرائەتلەر كۆپىيىشتەك «ئىككى ئازىيىش، ئۈچ كۆپىيىش ۋەزىيىتى» كۆرۈلۈپ، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرمىسى ئەلالاشتۇرۇشقا يۈزلەنگەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش نىشانى ئىلمىي ھېسابلىنىپ تۈزۈلۈپ، ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندىكەن.

يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى كاپالىتى جەھەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك - يېزا تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يۇقۇم پەيدا قىلغان پايدىسىز تەسىرنى پائال يەڭدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تىرانسپورتىدىكى توسۇق نۇقتىلار ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتى، %90تىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى سېتىش دۇكانلىرىدا تىجارەت باشلاندى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سولياۋ يوپۇقتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ قاندۇرۇش نىسبىتى ئاساسەن %100كە يەتتى ياكى يېقىنلاشتى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ زاپاس ساقلاش سەۋىيەسى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرالايدۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى.

## ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرلىرى ۋە نامرات ئاممىنى تولۇق تەربىيەلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

تولۇق تەربىيەلەش كادىرلارنىڭ ئىقتىدار - ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىكى كۈچلۈك تۇتقا. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىشلىق ھۇجۇم»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەر تەربىيەلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەربىيەلەش ئوبيېكتلىرىنى دەل جايىدا بېكىتىپ، تەربىيەلەش پىلانىنى تەپسىلىي تۈزۈپ، تەربىيەلەش دەرسلىكلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك تەربىيەلەش كۈچلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، مۇتەخەسسىسلەر دەرس ئۆتۈش، يىغىن ئارقىلىق تەربىيەلەش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش، سىن ئارقىلىق تەربىيەلەش، نەق مەيدان كۆرۈكى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرلىرى ۋە نامرات ئاھالىلەرنى ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، كادىرلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىدىن خەۋەردار بولۇش نىسبىتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تولۇق تەربىيەلەشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز تولۇق تەربىيەلەشنى بوشاشتۇرماسلىق، ئۈزۈپ قويماسلىقتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تەربىيەلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تولۇقلايدۇ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ جەھەتتە تەربىيەلەش پرىنسىپى بويىچە، تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ ئوقۇتۇپ، قاتلامغا، ئوبيېكتقا ئايرىپ دەل جايىدا تەربىيەلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرگە بىر تەشۋىق قىلىش، بىرگە بىر ھېساب قىلىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان ئۇسۇل، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق، تەربىيەلەش داۋامىدا نامرات ئاممىنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاشۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات ئاھالىلەرنى ھەرىكەتكە كېلىشكە، ئالدىراش بولۇشقا يېتەكلىدى.

ھاۋا ئىللىغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ يىتىملقۇم يېزىسى دەم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قادىر قاۋۇز ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، 2500 تۈپ لازا مايسىسى، شوخلا مايسىسىنى پارنىك ۋە ھويلا - ئارانغا كۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ناھىيەنىڭ 120 مىڭ مو يېرىدىكى كۆكتات تېرىقچىلىقى جانلىنىش مەزگىلىگە كىردى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قاغىلىق ناھىيەسى پۈتۈن ناھىيەدىكى 300دىن ئارتۇق كەنتتە كۆكتات ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، دېھقانلارغا بىرتۇتاش كۆكتات مايسىسى تارقىتىپ بەردى، سېتىۋالدى ۋە ساتتى. سېتىش يولى كاپالەتكە ئىگە بولدى، قادىرنىڭ كۆكتات تېرىش ئاكتىپلىقى تېخىمۇ ئاشتى، بۇلتۇر لازا ۋە چامغۇر تېرىپ 25 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، ئۇ بۇ يىلمۇ مۇشۇنداق ياخشى ھالەتنى ساقلايمەن، دېدى.

يەكەن ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋۇ گاڭ مۇنداق دېدى: يەكەن ناھىيەسى بۇ يىل ئاساسلىقى كەسپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خاس تېرىقچىلىقنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش ئارقىلىق، نامرات ئاھالىلەرنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى. ھازىر، 130 مىڭ مو يەرگە سەبدەرگۈل، 220 مىڭ مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىش كۆنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى، ئۇزارتىلغان پىششىقلاش، سېتىش قاتارلىق كەسپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى نامرات ئاھالىلەرنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى ئۈنۈملۈك يولغا ئايلىنىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتى بۇ يىل ھويلا - ئاران ئىگىلىكنى ئەلالاشتۇرۇپ، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق كەسپلەرنى زورايتىدۇ، كۈچەيتىدۇ ھەم 100 مىڭ تۇياق ئېشەك، مىليون تۇياق كۆپ تۇغۇلىدىغان گۆش قويى، 10 مىليون توشقان، كەپتەر، توخۇ، ئۆردەك، غاز ۋە يېمەكلىك زەمبۇرۇغى قاتارلىق كەسپلەرنى زورايتىپ، 48 مىڭ ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولىدۇ.

گۇما ناھىيەسىدە، شىنجاڭ كۇئېنلۇن لۈيۈەن گۆشى موكۈيلا يېزىسىدا گۆش توشقىنى باقمىچىلىقى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇپ، ئەتراپتىكى تۆت يېزا - بازاردىكى 8000دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى قاپلىدى. نۇرغۇن نامرات ئاھالە گۆش توشقىنى باقمىچىلىقىغا تايىنىپ، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش غەيرىتى بارغانسېرى ئاشتى. مۇجى بازىرىنىڭ غازچاقا كەنتىدىكى نامرات ئاھالە غوجى ئۆمەر ھازىر باقمىچىلىق بازىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ تېخنىكىنى تېخىمۇ پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆيىدە باقمىچىلىق قىلىشقا تەييارلىق قىلماقتا. «تىرىشىش ئارقىلىق، ئائىلىمىز چوقۇم قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ» دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئېغىر نامرات رايونلار توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن بىر تۈركۈم كەسپلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كەڭ سۇپا ھازىرلاپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىشىنى پۇختا كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

### يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، تاڭ ئەمدىلا يورۇشغا، يەكەن ناھىيەسىدىن كەلگەن 500 نامرات ئەمگەك كۈچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، كورلا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار تەربىيەلەنگەندىن كېيىن ئىشلەمچىلىك ئىش ئورنىغا چىقىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. خاسىيەت مەمەت گەرچە ئۆزىنىڭ نېمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى تېخى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قارىتا ئۈمىدكە تولدى: «مۇقىم كىرىمىم بولسىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقتىن غەم قىلمايمەن. مەن چوقۇم ماھارەتنى ياخشى ئۆگىنىپ، نامرات ئائىلە دېگەن بۇ قالپاقنى تاشلىۋېتىمەن!»

بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، بىر ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. بۇ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ بىۋاسىتە، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە. 3 - ئاي كىرىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەرقايسى نامرات ناھىيەلەر بەس - بەستە ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەشكىللەپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن نامرات نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بەردى، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تىزىملاتتى.

«ھەر ئايدا كىرىمىمىز بار بولدى، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا مەسىلە يوق.» پات ئارىدا ئىشلەمچىلىك ئىش ئورنىغا قەدەم قويىدىغان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىدىكى نامرات ئاھالە ئىمىنجان مەتتۇرسۇننىڭ قەرەلىدە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاشقا ئىشەنچىسى بار. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۇ خوتەن ۋىلايىتىدىكى 1800دىن ئارتۇق نامرات نوپۇس بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، سانجىغا بېرىپ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ئىككى جاي بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق ئىشلەمچى خادىملارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چىرا ناھىيەسىنىڭ گۈلاخما بازىرىدىن كەلگەن روزىتوختى ئابدۇكېرىم خوتۇنى بىلەن بىللە تىزىملىتىپ، ئىشلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇلارنىڭ كۈرەش نىشانى، «بىز ئەر - خوتۇن ئىككىلىمىز كارخانىغا بېرىپ ئىشلەپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كۆپرەك پۇل تېپىپ، كۈنلىرىمىزنى خۇشال ئۆتكۈزىمىز» دېدى روزىتوختى.

لوپ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى يۈڭجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: لوپ ناھىيەسىدىكى 1833 ئائىلىدىكى 7383 ئادەمنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاساسلىق يول. ھازىر، ئالاقىدار تارماقلار ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسىنى ئىستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى ئىنچىكە قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ ئاساستا نامرات نوپۇسنىڭ دەل جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

### ئىرادە جەھەتتىن يۆلەپ، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئاشۇرۇش

ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن تاشقى جەھەتتىن ياردەم بېرىش - يۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق بۇ، نامرات نوپۇسنىڭ ئۆز ئىقتىدارى ۋە ئىشەنچىسىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار تۈرلۈك تەربىيەلەش، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش - رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ «روھىي نامراتلىق»نى تۈگەتتى. ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش ئارقىلىق، نۇرغۇن نامرات ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ئاشتى، غەيرىتى تولۇپ تاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىقتىدارى كۈچەيدى، نامرات رايونلاردا يېڭى ئىستىل، يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر يىللىق ئېغىر نامراتلىقنى «تۈگىتىش جېڭى»دە، يەنىلا نامرات ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئىرادە جەھەتتىن يۆلەپ، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەپ ئۆزىنىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق «ئىچكى قىسىم»دىن نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش زۆرۈر.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇلتۇر قىشتىن باشلاپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىشلىق ھۇجۇم» قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، 1 مىليون 642 مىڭ 200 ئادەم قېتىمنى تەربىيەلىگەن. كېيىنكى قەدەمدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «قىشلىق ھۇجۇم»نىڭ نەتىجىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدە، تولۇق تەربىيەلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ جەھەتتە تەربىيەلەش پرىنسىپى بويىچە، تۈرگە ئايرىپ ئوقۇتۇپ، دەل جايىدا تەربىيەلەپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدىكەن.

بۇ يىل، يېڭىسار ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىشلىق ھۇجۇم»غا بىرلەشتۈرۈپ، بېيىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەردىن ئاز دېگەندە بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا ئىگىلىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن بىر يىلدا 40 مىڭ نامرات نوپۇسنى يېزىلاردا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەش، 500 ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىسىنى ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاقتۇ ناھىيەسى بۇلۇڭكۆل يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى ۋېنجۈەن مۇنداق دېدى: بۇلۇڭكۆل يېزىسى ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، نامرات ئاھالىلەرنى تېخنىكا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلار ئۈچۈن چارە ئويلاپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇسۇل ئۆگىتىپ، نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلاش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى بىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ھازىر، يېزىدىكى بەش كەنت خاس كەسپ ۋە ساياھەتچىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، چارۋىچىلار كېچىكىپ پىشىدىغان ئۆرۈك كۆچىتى تىكىش، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش، چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىش، مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىۋاتىدۇ.